بسم الله الرحمن الرحيم

# قۇرتۇلۇش

لا إله إلا الله محمد رسول الله

دۈشمەنلىرىڭلارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن قولۇڭلاردىن كېلىشىچە قورال-كۈچ تەييارلاڭلار.

قۇرئان ئەنفال سۈرىسى ئايەت

1993-يىلى 3-ئاي 1-كۈنى

1413-ھىجرى 8-رامىزان.


# مەجبۇرىيىتىمىز

مۇبارەك بارىن ئىنقىلابىنىڭ يۈز بېرىشىگە بىر يىل تولۇپ قالغىلى بولۇپتۇ. ئىنقىلاب ۋەتەن ئۈچۈن ئىستىقلال ئۈچۈن قوزغالغان. پىدا كارلىق مەنزىرىسى داۋاملىق كۆز ئالدىمىزدا كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. خارابىلىقتا چىدىماسلىق، جاسارەت، باتۇرلۇق، جان ۋە مالنى ئايىماي ئىنقىلاپقا ئاتلانغان يولدا قۇربان قىلىش، قاتارلىق ئالىي پەزىلەتلەر ھەر ئىنساننىڭ قەدىرىنى ئۆستۈرىدۇ. ھەرقانداق كىشى بارىن بېكى ئىنقىلابچىلارغا ھۆرمەت قىلماي تۇرالمايدۇ.

ئەگەر پۈتۈن مىللىتىمىز بۇ ئالىيجاناب روھنى تەكلىپ قوللىغان بولسا، بۇ خارلىقتىن شۇ سائەتتە قۇتۇلغان بولاتتى. مىللىتىمىز قۇربان بېرىشكە تەييار يىگىتلەرگە موھتاج. ئالدى بىلەن ئۆزىمىزدىكى ناچار ئىللەتلەردىن ئازات بولمىغاندىن ھەقىقى ئازاتلىق ئۈچۈن كۈرەشكە تەييار بولغان بولىمىز. قۇربان بولۇش، قۇربان قىلىش روھىنى ئىگەللىمەي دورەڭگە تاتىنسىز. پايدىسىز.

ئۈندىقتا بارىن ئىنقىلابىدىن ئۆگىنىدىغان بىرىنچى نەرسىمىز قۇربان بېرىشكە تەييار بولۇش ۋە مەسىئۇل بولۇش. كىيىن قۇربان بېرىشكە تەييار مىللەت ھامان بىر كۈن ھۆر ھاياتقا ئېرىشىدۇ. بارىن ئىنقىلابى مىللىتىمىزنىڭ بىرىنچى ئىنقىلابى ئەمەس. مىللىتىمىز تارىخىدىكى ئاخىرقى ئىنقىلابمۇ بولۇپ قالمايدۇ.

ئۆتكەنلەر ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلدى. ئەمدى بولسا نۆۋەت بىزگە كەلدى. مېنىڭچە سىزمۇ ئۆز مەجبۇرىيىتىڭىزنى ئادا قىلىشقا باشلىغانلىقىڭىزنى بىلىۋاتىسىز. مىللىتىمىز سىزنىڭ ھەرىكىتىڭىزنى كۈتمەكتە. ۋەتەن قۇرۇق سۆزلەردىن يىراق ئەمەلىي ھەرىكەتكە موھتاج. ئازارلىق ۋە زىيەت كۆتۈرۈپ تۇرۇشقا بولۇپ تۇرمايدۇ. مىللىتىمىز ئاسارەتتىن قۇتۇلۇپ تارىختىن نامى ئۆچۈپ كېتىش دەۋرىگە ئۇچرىماقتا. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىنسان ھەقىقىي دەپ سەندە قىلىشقا ھەربىر ئىنسان چىداپ تۇرالمايدۇ. ۋەتىنىمىزدىكى ھەربىر ئىنساننىڭ ئىنسانچە ياشاش ھەققى بار، مىللىتىمىز چوقۇم ھۆررىيەتكە ئېرىشىشى. بۇنىڭغا ئىشەنچىمىز كامىل. ئۆزۈندىن بېرى ئاقان ئىسسىق قانلار بىكار بولۇپ كەتمەيدۇ. بەرگەن قۇربانلارنىڭ كۆپ بولۇشىغا قارىماي ھازىرغىچە ھۆررىيەتكە ئېرىشەلمىگەنلىكىمىز بىزنىڭ بەرگەن قۇربانلىرىمىزنىڭ قىممىتى ئازەيتەلمەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئۇندىقتا : بىز قۇربان قىلىشقا، قۇربان بولۇشقا تەييارمۇ؟

جاۋاپ ئېلىۋەتتە ... لېكىن نەدىن باشلايمىز؟؟؟.

...........................

يازغۇچى : شاكىر ئارسلان.

تارىختىكى ئەللىك چەكلەردىن ساۋاقلار..

...........................

ۋەتىنىمىز كەلگۈسىدە چوڭ ئەھمىيەتلىك ۋەقەلەرنى كۈتۈپ تۇرماقتا. بۇ چوڭ ۋەقەلەرگە تارىختىكى تەسىرى ئەڭ كۈچلۈك بولغان مەشھۇر ۋەقەلەردىن ساۋاق ئېلىش بىلەن تەييارلىق كۆرۈشىمىز كېرەك. تۆۋەندە بىز ئىسلام دىنىنىڭ مۇسۇلمانلىرىمىزدا مەرجىدە قەت كۆتۈرۈپ پۈتۈن دۇنياغا بىردەك تارقىلىشىدا ھەلقىلىق رول ئوينىغان مۇھىم ۋەقەلەردىن بىرى بىلەن تونۇشىمىز ھەمدە ساۋاق ئالىمىز ئوقۇيلى.

بەدرى جېڭى

بەدرى جېڭىدىن بۇرۇنقى ۋەزىيەت بىلەن بىزنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ ھازىرقى ۋەزىيىتى بىردىن — بىر ئوخشىشىپ قالىدىغان بىر مەسىلە. ھەقىقەتەن تەرەپتىكى ئازسانلىق كىشىلەرنىڭ ناھەق تەرەپتىكى كۆپسانلىق دۈشمەن بىلەن قارشى كۆرەشكە ئاتلىنىپ غەلىبە قازانغانلىقى دۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەككىدىكى مۇشرىكلەرنىڭ قاتتىق زۇلۇملىرى تۈپەيلىدىن ئۆزى يۇرتىنى تاشلاپ مەدىنىگە جايلاشتى. بۇنىڭ ئىسلام دىنى ئىنسانىيەت دىنى بولغانلىقى ۋە ئەركىنلىك دىنى بولغانلىقى ئۈچۈن ھەر كىشى ئۆز خۇرلۇقتا ياشاشنى راۋا كۆرمەيدۇ. مىلادىنىڭ 624-يىلى ئاللاھنىڭ قىلىشىغا روھسەت قىلدى. بۇ ئىسلام تارىخىدىكى تۇنجى قىسىملىق جەڭ. مۇسۇلمانلار تەرەپنىڭ سانى 313 بولۇپ ئارىلىدا 2 دانە ئاتلىق بار ئىدى.

ئەمما مۇشرىكلار تەرەپنىڭ ئەسكەر كۈچى 1000 نەپەرگە يەتكەن بولۇپ بۇلاردىن 100 ئاتلىق ۋە (600) قالقانلىق بار ئىدى.

لېكىن مۇسۇلمانلارنىڭ پولاتتەك ئىنتىزامدا رىئايە قىلىشى ۋە ئۆز-ئارا بىرلىكنى نەتىجىسىدە ئۆزلىرىدىن ئۈچ ھەسسە كۆپ ھەم قۇدرەتلىك بولغان مەككە مۇشرىكلىرىگە تاقابىل تۇرۇپ، ئۇلارنى جەڭدە يېڭىپ چىقتى. ئاخىرقى غەلىبە مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپ بولدى.

مانا بۇ ۋەقەلىك بىزگە روھىي ئوزۇقلارنى بېرىدۇ. ۋە ياخشى ساۋاقلار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

يازغۇچى : زۇلپىقار ئەلى :



## ئۇلۇغ يارىس ئىنقىلابىنىڭ شېھىتلىرى قەلبىمىزدە

......

رامىزان ئېيى ئەھلى ئىسلامنىڭ قۇدرەت تاپقان ۋە نۇسرەت تەكبىرىشكەن شەرەپلىك ئېيى. مۇسۇلمانلار بۇ ئايدا ئۇيغۇنلىغان چوڭ غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن، ئىسلام تارىخىغا نەزەر سالىدىغان بولساق ئىسلامدىكى ئەڭ تۇنجى ئولما مۆئمىنان بىلەن كۇپپارنىڭ مۇسۇلمان بىلەن كاپىرنىڭ ئارىسىدىكى ھەلقىلغۇچ چوڭ غەزۋىتى بەدرى، رامىزاننىڭ 17-كۈنى بولغان. ھەر يىلى ئەھلى ئىسلامغا رامىزان ئېيى كەلسە شۇنداق چوڭ ئەسلەر يادلىنىدۇ.

ئەلۋەتتە مۇشۇ قاتاردا بىزمۇ ھەر يىلى رامىزان كەلسە ۋەتىنىمىزدە يېقىندا يۈز بەرگەن ئۇلۇغ يارىس ئىنقىلابى ئېسىمىزگە چۈشىدۇ ۋە بۇ ئىنقىلابنىڭ مۇجاھىتلىرى، ۋە ئەزىز شەھىتلىرى كۆز ئالدىمىزغا نامايان بولىدۇ. ئۇلار قەلبىمىزدىن قەتئىي ئۆچمەيدۇ. ئۇلار تارىخىمىزدا بىر چوڭ ئۆبوراز. ئۇلار ھەقىقەتەن غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان ۋە ئارمانلىرىغا قانغان ئەزىمەتلىك مۇجاھىدلار. ئۇلار غەلىبە قىلدى. ئۇلار قانخور كومۇنىست زالىملىرىغا قارشى تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىنىڭ يېڭىدىن باشلاپ خەلقنى ئويغاتتى. دۇنياغا تەسىرىنى كۆرسەتتى. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى غەلىبە قىلغانلىق. بىر گۇرۇشتىلا ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشنىڭ ئۆزىلا غەلىبە ھېساپلانمايدۇ. بەلكى شۇنداق غەلىبىلەرنىڭ قولغا كېلىشى ئۈچۈن مۇقەددىمە ئورنىدىكى بىر قانچە قېتىملىق ئىنقىلاپلارمۇ يۈز بەرگەندە ئاندىن غەلىبە ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئاخىرقى غەلىبە بۇنداق ئىنقىلاپلارنىڭ نەتىجىسىدىن بولىدۇ. بارىن ئىنقىلابى ١٩٩٥ يىلى 4 ئايدا ۋەتىنىمىز شەرقى تۈركىستاننىڭ قەشقەر ۋىلايىتىگە قاراشلىق بولغان ئاقتو ناھىيىسى بارىن يېزىسىدا رامىزان كۈنى پارتلىدى. زومىگەر كومۇنىست ھاكىمىيىتى بۇنداق دەھشەتلىك ئىنقىلابنىڭ يۈز بېرىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان بولغانىدى. بۇ ئىنقىلاپ ئۇلارغا قاتتىق زەربە بولدى ۋە ئۇلارغا بۇ زېمىننىڭ ئۆز ئەھلىگە قايتىدىغانلىقى توغرىسىدا بىر چوڭ ئاگاھلاندۇرۇش بولدى. تۈركىستان خەلقى غەپلەتتىن سىلكىندى. كەلگۈسىگە مۇستەقىللىققا بولغان ئۈمىدى كۈچەيدى. بۇ ئىنقىلاپ خەلق ئارىغا تونۇلدى. دۇنيا خەلقى تۈركىستان خەلقىنىڭ سادايىسىنى ئاڭلىدى. تۈركىستاننىڭ ۋە زېمىنىنى تونۇپ يەتتى. بۇ ئىنقىلابنىڭ قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىلىرى ۋە ئۇتۇقلىرى ئاز بولمىدى، دېمەك ئۇلار ئەڭ مۇھىمى ئۆزلىرىنىڭ تۈركىستان ئازاتلىق داۋاسىنى بىرىنچى ئاڭلىتىش ۋە تۈركىستان خەلقىنى ئويغىتىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار مەخسەتلىرىنى تولۇق ئورۇندىيالىدى. ئۇلار شەھىت بولغان بولسىمۇ ئۇلارنىڭ ئۆچمەس تۆھپىلىرى پۈتۈن تۈركىستان خەلقىنىڭ قەلبىدە يادلانماقتا. ئۇلارنىڭ پاك روھلىرى جەننەتلەردە يايرىماقتا. بىز ئۇلارنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمىز ئۇلارنىڭ بۈيۈك ئىزلىرىنى ئاداققىچە يادلايمىز.

ئاللا ئۇلارنى ئۆز رەھمىتىگە مۇيەسسەر قىلسۇن. ئۇلارنىڭ سەۋەبى ئەجرىگە ئەجىر قوشسۇن. ۋە ئەڭ ئالىي مۇكاپاتقا ئېرىشتۈرسۇن. ئاللا ئۇلارنىڭ ئاخىرقى غايىسىنى (يەنى تۈركىستان خەلقىنىڭ قۇللۇقتىن ئازاتلىقىنى) ئەمەلگە ئاشۇرسۇن ئامىن: يازغۇچى: كۆرەش دولقۇنى:

## سوئال ــ جاۋاب

س: زاكات پۇلىنى دىنى مەكتەپ ئۈچۈن ئىشلەتسە بولامدۇ؟

ج: ئاللا قۇرئاندا زاكاتنى ئىشلىتىشنىڭ يولىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: "زاكات پەقەت پېقىرلارغا، مىسكىنلەرگە، زاكات خادىملىرى، دىللىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلار، قۇللارنى ئىتتىزا ئازات قىلىشقا، قەرزدارلارغا، ئاللا يولىغا، ۋە مۇساپىرلارغا بېرىلىدۇ؛

ئاللا نىڭ يولىغا ــــ دېگەن ئىبارەت ئۈستىدە قانۇنشۇناسلار ۋە تەپسىر ئالىملىرىنىڭ كۆز قاراشلىرى بىردەك بولمىغان. بەزىلەر (ئاللا نىڭ يولى) دېگەننى جىھاد دەپ چۈشەنسە، بەزىلەر ئۇنىڭ دائىرىسىنى بىر ئاز چوڭايتىپ ھەرقانداق ئىبادەت ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ پايدىسى ئۈچۈن بولغان ھەرقانداق ئىشلارنى ئۇنىڭ ئىچىگە كىرگۈزىدۇ. بۇ كۆز قاراشلارغا بىنائەن (ئاللا نىڭ يولى) دېگەن ئىبارەت، مەسجىد بىنا قىلىش، مەكتەپ ئېچىش، كەمبەغەل ۋە ئۆلۈكلەرنى يۇيۇپ تاراش، قاتارلىق ياخشى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ.

بىز مۇشۇ كۆز قاراشقا تامامەن قايىلمىز.

چۈنكى بۈگۈنكى زامانىمىزدا دىنى مەكتەپ مەدرىسلەرگە مۇسۇلمانلارنىڭ ئېھتىياجى كۆپ.

...............

س: بانكىنىڭ ئۆسۈمى ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان ھارامدىن كەلگەن پۇلنى قايسى جايغا ئىشلىتىمىز؟

ج: بانكىنىڭ ئۆسۈمى ۋە دودى باشقا ھارام ماللارغا ئوخشاش ھارام مال بولۇپ ئۇنىڭدىن مەنپەئەتلىنىشكە بولمايدۇ. مېيلى ئۇنى يېمەك ئىچمەككە ئىشلەتسۇن ياكى كىيىم-كېچەككە ئىشلەتسۇن ياكى ئۇنى تىجارەتكە ئىشلەتسۇن ياكى ئائىلىسىنىڭ دۇنيالىق ھاجەتلىرىگە ئىشلەتسۇن ياكى ھۆكۈمەتنىڭ باج ۋە ئالۋاڭ-ياساقلىرىغا ئىشلەتسۇن ھەممىسى ئۇنىڭدىن پايدىلانغانلىق بولىدۇ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

بانكىنىڭ ئۆسۈمى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ھارام يول بىلەن كېلىپ قالغان ماللارنى، كەمبەغەللەرگە، يېتىملارغا، ئاللا يولىدىكى جىھادقا، ئىسلام دەۋىتىنى يېيىشقا، مەسجىد بىنا قىلىشقا، دىنى مەكتەپلەرنى سېلىشقا، دىنى كىتابلارنى نەشىر قىلىشقا، يەنە باشقا ياخشىلىق يوللىرىغا ئىشلىتىلىدۇ.

چۈنكى ھارامدىن كېلىپ قالغان ماللارنى ئىشلىتىشتە پەقەت تۆت يول بار:

(١) ئۆزى ئىشلىتىش، بۇ توغرا ئەمەس. (٢) بانكىدا تەرىك ئېتىش، يەنى ئالماسلىق. بۇمۇ توغرا ئەمەس. چۈنكى ھارامغا ياردەم بەرگەنلىك بولىدۇ. ئاللا قۇرئاندا (ياخشىلىققا ياردەم قىلىڭلا، يامانلىققا ياردەم قىلماڭلار) دېدى. (٣) كۆيدۈرۈۋېتىش ياكى يىرتىۋېتىش، بۇمۇ توغرا ئەمەس. (٤) ياخشىلىق يوللىرىغا ئىشلىتىش. مانا مۇشۇ توغرىسى مۇشۇنداق قىلىش كېرەك.

..........................

ئەسىرگە تەييارلىغۇچى: كۆرەش دولقۇنى.



# بارىن

گۈزەل بارىن ئەزىز يۇرتۇم،
سېنى ھەرگىز ئۇنۇتماپمىز.
ئۇسمۇرلەرگە ئەھدە قىلىپ،
ئىزلىرىڭنى قۇرۇتمايمىز.

ھەممە بىردەك بىركۈت بولۇپ،
ئازات قىلماي، جىم تۇرمايمىز.
تارىخىڭنى ئۈرنەك قىلىپ،
تۈركىستاننى تازلايمىز.

بۇقايغۇلۇق كۈنلىرىڭنى،
بىز ھەرگىزمۇ ئۇنۇتمايمىز.
شەھىتلارنىڭ روھىغا ھەم،
دۇرۇت سانا بىز يوللايمىز.

يۇرتىمىزدىن دۈشمەنلەرنىڭ،
تىپ يىلتىزىنى قۇرتىمىز.
ۋەتەن ساتقۇچ خائىنلارنى،
بىرنى قويماي يوقىتىمىز.

بۇتۇن كۈچنى سەرىپ قىلىپ،
ئانا يۇرتنى بىز قوغدايمىز.
بىلىپ قويغىن ئەزىز بارىن،
سېنى سۆيۈپ ھەم قوللايمىز.

جانىمىزنى پىدا قىلىپ،
يۈزكۆزۈڭنى تازلايمىز.
قارانىيەت ياۋۇزلاردىن،
ئۆچنى ئالماي جىم تۇرمايمىز.



## ماتېرىيالىزمچىلار ۋە توغرا ئىدىيە :

ماتېرىيالىزمچىلار بۇتۇن دىنلارغا ئىنكار قىلغۇچىلار بولۇپ، ئۇلار توغرا تەھلىل قىلماستىن دىنلارنى ۋە ھەقانداق غەيـبىيەتلارغا ئىنكار قىلىدۇ.

ئۇلارنىڭ قارىشىچە دۇنيادىكى ھەرتۈرلۈك كائىناتلار ئۆز-ئۆزىدىن تاسادىپىي ھالدا پەيدا بولۇپ قالغانمىش.

ئاۋادا ئۇلار توغرا تەھلىل قىلىشقان بولسا دۇنيادىكى ھەرقانداق نەرسىنىڭ تاسادىپىي پەيدا بولۇپ قالماستىن بەلكى بىر ياراتقۇچىنىڭ ھېكمەتلىك تەدبىرى ئارقىلىق يارىتىلغانلىقىنى ئەلۋەتتە بىلگەن بولاتتى.

مانا بۇ ھەقىقەتنى ئىلىم-پەن ۋە يېڭى كەشپىياتلار ئىسپاتلاپ چىقماقتا. بۇ ھەقىقەت ئالدىدا ھەرقانداق ساغلام ئەقىل ئىگىسى ئىنكار قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. ھازىر دۇنيا كەشپىياتچىلىرى ۋە تەتقىقاتچى ئالىملار كۈندىن-كۈنگە بۇ ھەقىقەتنى تونۇپ يەتمەكتە.

كۆپلىگەن ئىلمى پاكىتلارغا ئاساسلانغىنىمىزدا شەكسىز ھالدا دۇنيانى ۋە ئۇنىڭدىكى ھەرتۈرلۈك مەخلۇقاتلارنى ياراتقان بىر كۈچنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىۋالالايمىز.

بۇ ھەقىقەتلەر ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ ئەقىدە ۋە ئەمەلىيەتتە ئويغۇن ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇرماقتا. دىمەك ئىسلامنىڭ توغرا پىرىنسىپى ۋە ئۇنىڭ ئىدىيىسى 14 ئەسىردىن ھېچ قانداق بىر ئىلمى ھەقىقەت بىلەن توقۇنۇشۇپ قالماستىن بەلكى تەدرىجى ماسلىشىپ كەلمەكتە.

ئىسلام دىنى چاقىرغان گۈزەل ئەخلاق، پەزىلەتلەرمۇ ئەقىل تەقەززا قىلغان پەزىلەتلەردۇر. ئىسلام توسقان يامان ئىللەتلەرمۇ ئەقىل ۋە ئىنساننىڭ تەبىئىتى ياقتۇرمايدىغان ئىللەتلەردۇر.

ئىسلام بىزنى ھەردائىم ئۇنىڭغا بۇيرۇغان ئىشلارنىڭ جۈملىسىدىن: ئىلمى ھەقىقەتلەرگە ئىشىنىش. بىر ئاللادىن باشقا ھېچ قانداق بىر يېڭىگە قۇللۇق قىلماسلىق. زورلۇق-زومبۇلۇققا قارشى تۇرۇش، ۋەتەن ۋە مىللەتنى مۇداپىئە قىلىش، ھەقىقەتنى قوغداش ۋە باشقىلار.

ئىسلام توسقان ئىشلارنىڭ جۈملىسىدىن

(1) ـ باشقىلارنىڭ ھوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلىش. 2 ـ مۇئامىلىدە ئالدامچىلىق قىلىش. 3 ـ يالغانچىلىق. 4 ـ ساختىپەزلىك. ـقۇنجىلىك. ـ ئامانەتكە خىيانەت قىلىش. 6 ـ ۋەدىگە ۋاپا قىلماسلىق قاتارلىق رەزىل ئەخلاقلار. ئەگەر سىز ماتېرىيالىزمچىلارنىڭ ئىدىيىسى بىلەن ئىسلام ئەقىدىسىنى ئىلمى پاكىتلار ئارىسىدا ئۆلچەپ باقسىڭىز قايسى تەرىپىنىڭ ھەقىقەتكە مۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى ئوپ-ئوچۇق كۆرۈۋالالايسىز.

يازغۇچى ئەلپاروق ئۆمەر.






بسم الله الرحمن الرحيم .

دۈشمەنلىرىڭلارغا تاقابىل
تۇرۇش ئۈچۈن قولۇڭلاردىن
كېلىشىچە قورال كۈچى ھازىر
لاڭلار .
سۈرە ئەنفال 60 - ئايەت

# ئۆزئۆلۈش

١٤١٣ - ھ ٩ - شوال .

١٩٩٣ - م 4 - ئاي ١ - كۈنى .

ى - سان . ئىستانبۇل .

## بېيجىڭدىكى باھار ئايلىرى :

................

خىتاي پارلامېنتىنىڭ يېقىنقى يىغىنلىرىدا بولۇۋات-
قان جىددىي ئالامەتلەرگە قارىغاندا خەلقى ئۆزۈن-
دىن بىرى كۈتۈپ كېلىۋاتقان بىر ئىش بولۇپ، بۇ يىغى-
نلاردا جوڭگونى دېڭشاۋپىڭدىن كېيىنكى باسقۇچقا
تەييارلاش ئۈچۈن كۈچ سەرپ قىلىنماقتا .
يىغىن ئېچىلغاندىن بۇيانقى ئەھۋالغا قارىغاندا ،
جاڭزېمىننىڭ دۆلەت رەئىسلىكى ئورنىنى ئېلىپ كون-
لار بىلەن ئىسلاھاتچىلار ئوتتۇرىسىدا باغلىغۇچى رو-
لىنى ئوينىشى ئەڭ يېقىن ئېھتىمال بولۇپ كۆرۈنمەكتە .
يىغىنلارنىڭ قانداق نەتىجە بىلەن ئاياغلىشىشىدىن
قەتئىي نەزەر ، جوڭگونىڭ يېقىنقى كۈنلەردە بولىمۇ دېڭ-
ئۆلگەندىن كېيىن كەڭ كۆلەملىك ھوقۇق تالىشىش كۆرىشى-
نىڭ باشلىنىدىغانلىقىنى تەكىتلەپ ئىستىقبالى بولىدۇ .
بەلكى بۇ كۆرەش باشلانغىلى خېلى ۋاقىت بولغان بولۇشى
مۇمكىن . لېكىن جوڭگو كېلەر قېتىمقى قىيىنچىلىقلاردىن
سالامەت ھالقىپ ئۆتۈپ كېتەلەمدۇ يوق ؟
بۇنى كېيىنرەك بىلىمىز . ئەمما ھازىر شۇنى بىلىشى-
مىز كېرەككى ، جوڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ كونىلارنىڭ قولىدا
تۇرۇۋېرىشى ، ياكى ئىسلاھاتچىلار قولىغا ئۆتۈشى ،
ياكى ھەر ئىككىسىنىڭ بىرلىكتە ھوقۇق تۇتۇشى
بولارنىڭ ھەممىسىنىڭ ۋەتىنىمىزدىكى ۋەزىيەتنىڭ يا-
خشىلىنىشىغا قىلچە پايدىسى يوق .
پەقەت ھوقۇق تالىشىش كۆرىشى كەڭ كۆلەمدە يارىتىلسا
بۇ مىللىتىمىز ئۈچۈن قولدىن بېرىشكە بولمايدىغان تا-
رىخى پۇرسەت بولۇپ قالىدۇ . مىللىتىمىز بۇ پۇرسەتتىن
ئەڭ ياخشى شەكىلدە پايدىلىنىشى ئىنتايىن مۇھىم .
شۇنىڭ ئۈچۈن بۈتۈن قۇتۇلۇش ھەرىكەتلىرى بۇنداق بىر
پەيت ئۈچۈن تولۇق تەييارلىق كۆرۈشى زۆرۈر ، تەييار
توخاندا تېپىلاگدىن توغاچ ئوغۇرلىغىلى بولىدۇ .
تەييارلىقتىن سۆز ئاچقىنىمىزدا ئۆز ئارا ھەمكارلىشىش-
نىڭ ئەھمىيىتى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ .
يېقىنقى يىللاردا ئۆز ئارا ھەمكارلىشىش دولقۇنى كۆ-
چىيىشكە باشلىدى . بەلكى ھەر تەرەپ ھەمكارلى-
شىشنىڭ زۆرۈرلىكىگە يەتكەن بولسا كېرەك
ئوتتۇرا ئاسىيادا ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ، ئىستانبۇلدا
مىللىي قۇرۇلتاي قاتارلىق چوڭ ۋەقەلەر يۈز بەردى .

بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ ئۆز ئارا ياردەملىشىشنى كۈچەيتىشتە
ئىجابىي رول ئوينايدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز ۋە شۇنداق
بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز . ئەمما بۇ ھەرىكەتلەر يې-
تەرلىك ئەمەس ، ھەمدە تەلەپكە لايىقمۇ ئەمەس .
مىللىي ھەرىكىتىمىز ئەڭ ئۈنۈملۈك ، ئەڭ ئۇتۇقلۇق بولۇ-
شى ئۈچۈن بىر تۇققانلار ئوتتۇرىسىدا ئىنتايىن چوڭ
ئىنتايىن كەڭ دائىرىدە ھەمكارلىشىش شەرت قىلىنىدۇ .
ۋەتىنىمىزنىڭ ئىچى بىلەن ئىچى ، (ۋە سىرتى بىلەن
سىرتى ۋە ئىچى بىلەن سىرتى ھەمدە مىللىي ھەرىكەت
بىلەن دىنىي ، ئىسلامىي ھەرىكەتلەر ۋە بۈتۈن جەمئىيەتلىك
ھەرىكەتلەر ئوتتۇرىسىدا مۇناسىۋەت ئورنىتىپ مەلۇم پائال-
يەتلەردە تولۇق ماسلىشىشى كېرەك .
ئىنتايىن مۇھىمى : بۈتۈن قۇرتۇلۇش ھەرىكەتلىرى
بىلەن كەڭ خەلق ئاممىسى ماسلىشىشى زۆرۈر .
بۇنداق ماسلىشىشنى ۋۇجۇتقا چىقىرىش مىللىتىمىز ئۈ-
چۈن ئىنتايىن زۆرۈر بولۇپ قالماستىن بەلكى ئەمەلىي
شارائىتمۇ شۇنىڭغا مەجبۇر قىلىدۇ .
ئاللا ھەممىمىزنى ئىنقىلاۋى كۆرەشلىرىمىزدە سابىت قە-
دەم قىلسۇن . ئاللاغا ھەممە ئىش ئوڭاي .
.......................

ئەبەيدۇللا ھەسەن .



ئۇلار مۇشۇ ئالدامچىلىق بىلەن ھۆكۈ-
مەتنى تۇتۇپ قالالارمۇ ؟
بەلكى ئۇلار پات پۇرسەت ئىچىدە ئۆز
ئىچىدىن پارچىلىنىدۇ ؟!!



## ياقۇپ بەدەۆلەت ئىدارىسى ئاستىدىكى شەرقى تۈركىستان

١ ـ باب ياقۇب بەدەۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى :

تارىخ ماتېرىياللىرىنىڭ بېرىدىغان ئىسپاتىغا ئاساسلانغاندا : ياقۇپ بەدەۆلەت مىلادىنىڭ 1825 ـ يىلى تاشكەنت تەۋەسىدىكى پىسكەت دېگەن جايدا دۇنياغا كېلىپ ، شۇجايدا ئۆسۈپ يېتىلگەن . ئۆسمۈرلۈك چېغىدىلا باتۇرلۇقنى ئادەت قىلغان ئىكەن . شۇ مەزگىللەردە نارەۋھەممەت قۇشبېگى دېگەن بىرسى تاشكەنتكە ھاكىم بولۇپ تەيىنلەنگەندىن كېيىن . ياقۇپ بەدەۆلەتنىڭ ھەدىسى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلىنىدۇ . شۇسەۋەپتىن ياقۇپ بەگ نارموھەممەت قۇشبېگىنىڭ مەخسۇس مەھرەملىرى قاتارىدا خىزمەت قىلىپ يۈرۈپ ئۇنىڭ ئورنى كۈندىن كۈنگە ئۆرلىمىدۇ . بۇئارىدا تاشكەنتكە شاھ غازى دېگەن بىرسى ھاكىم بولۇپ كېلىدۇ . ياقۇپ بەگ ئۇنىڭغىمۇ مەھرەم بولۇپ ئىشلەيدۇ . ئۇزۇن ئۆتمەي ياقۇپ بەدەۆلەت مەھرەملەرگە يۈزبېشى بولۇپ تەيىنلىنىدۇ . شۇنداق قىلىپ ياقۇپ بەگنىڭ شۆھرىتى يۇقۇرلىشىپ ئوتتۇرا شەھەر ئاق مەسچىت شەھرىگە ھاكىم بولۇپ تەيىنلىنىدۇ . شۇ مەزگىللەردە . ئاق مەسچىت روسلار ھۇجۇمىنى بېسىۋالغان شەھەرنىڭ ئەتراپىدىكى قازاق ـ قىرغىز قەبىلىلىرى ياقۇپ بەدەۆلەتكە بويۇندىن تۆلەپ كېلىدىغان زاكات ۋە سېلىقلارنى تۆلەشتىن باش تارتىپ ، زاكات يىغقىلى بارغان ئادەملەرنى ئۇرۇپ، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ قايتۇرىدۇ . بۇنىڭ بىلەن ياقۇپ بەدەۆلەت ئوغۇرلىغان لەشكەرلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ ئۈستىگە باستۇرۇپ بېرىپ ، ئۇجايدىكى خەلقلەرنىڭ كۆپلىگەن چارۋا ماللىرىنى غەنىمەت ئېلىپ قايتىپ كېلىدۇ . ياقۇپ بەدەۆلەتنىڭ دۆلەت ئىقبالى كۈندىن كۈنگە ئۆرلەۋاتقان بىركۈنلەردە ئۇ قوقەنتتىكى دارىتەل تەنەتكە ئەرز يېزىپ "( كەمىنە قۇللىرى خان ھەزرەتكە دەۋا قىلىپ يۈكسەك ئاستانلىرىنى نۇرمەقىلىپ كۆزۈمگە سۈرتۈپ خىزمەتكارلىقىمنى مەلۇم قىلىپ ياناي ) دەپ ئىلتىجا قىلغاندىن كېيىن خان ھەزرەت ئۇنىڭ كېلىشىگە رۇخسەت قىلىدۇ . ياقۇپ بەدەۆلەت دەرھال تەييارلىنىپ ناھايىتى ئېسىل ھەم ئاز ئۇچرايدىغان نەپىس سوغا سالاملارنى كۆتۈرۈپ خاننىڭ ھوزۇرىغا كېلىدۇ ، ۋە ئۇلارنى خاننىڭ ئالدىدىن ئۆتكۈزىدۇ . خان ھەزرەت ئۇنىڭ بۇخىزمەتلىدىن ئىنتايىن خوشال بولۇپ ئۇنى يادشانە مەرھەمەت بىلەن ئۇزىنىڭ ۋەزىرلىرىدىنمۇ ئۈستۈن كۆتۈرۈپ ئۇنى ئۆز ئورنىغا قايتىشقا رۇخسەت قىلىدۇ . ياقۇپ بەگ ئاق مەسچىتكە قايتىپ كەتكەندىن كېين ـ خان ھەزرەتنىڭ يېنىدىكى ۋەزىرلەرنىڭ ياقۇب بەگكە ئاچچىق ھەسەتلىرى قوزغىلىپ . ئۇنى يىقىتىشقا تىرىشىدۇ ۋەدە ئۇنىڭ ئۈستىدە ( ياقۇب بەگ ئۆزى تېپىلغان بايلىقلارنىڭ ئۇندىن بېرىنى سوغا قىلدى ) ئۇنىڭ مەخسىدى تاش ـ كەنتكە ھوكومران بولۇش . ئۇنىڭ نىيىتى يامان ) دەپ ـ كىمگە ئوخشاش پىتنە ـ پاساتلارنى تارىتىپ بۇكىپلەرنى خان ھەزرەتكە ئاڭلىتىدۇ . خان ھەزرەت بۇشكايەتلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن . ( دەرھال ياقۇب بەگنى تۇتۇپ، بارلىق مۈلكى خەزىنىگە كەلتۈرۈلسۇن ) دەپ پەرمان جۈشۈرىدۇ . ۋە قىرىق كىشىلىك ياساۋول ئەتىرىتى ئەۋەتىدۇ . بىراق ياقۇب بەگ بۇخەۋەرنى خان ھەزرەتنىڭ يېنىدىكى پول ـ مال بىلەن ئۆزىگە مايىل قىلىۋالغان مەخسۇس ئادىمى ئارقىلىق ئالالىقاچان ئاڭلاپ بولغان ئىدى . شۇڭا ئۇ ياساۋوللارنىڭ ئالدىغا ئۆز ئادەملىرىنى چىقارتىپ ئۆزى كەمىندىن چىقىشقا ۋەدە قىلىپ قويۇپ، كونا بىر خىزمەتچىسىنى ئۆزىگە ھەمرا قىلىپ بىر كېچىدىلا بۇخارا شەھرىگە يول ئالىدۇ . خان ھەزرەت ئەۋەتكەن ياساۋوللار شەھەرگە كىرسە ئۇ ئاللىقاچان قېچىپ بولغان ، ئۇلار دەرھال ياقۇپ بەگنى قوغلاشقا ئاتلىنىدۇ ۋە ـ دە قوغلاپ سىردەر ياسى بويىدا ئارقىدىن يېتىدۇ . ياقۇب بەگ بىر قانچە ئوچكە تېرىسىنى تولۇم قىلىپ تەييارلىۋالغاچقا ئۇنىڭ ئىچىگە يەل توشقۇزۇپ ئۈستىگە چىقىپ دەريانىڭ ئۇتە ـ رىسىگە خەتەرسىز ئۆتۈپ كېتىدۇ . ياساۋوللار بولسا دەرياددىن ئۆتەلمەي ئىلاجسىز قايتىپ كېتىدۇ . ياقۇب بەگ بۇخارا شەھرىگە يېتىپ كەلگەندىن كېين قوقەنتتىن كەلگەنى مەللە خان دېگەن بىر كىشى بىلەن ئۇچرىشىدۇ . ئۇ بىلە بىر قانچە كۈن تۇرغاندىن كېين بىرگە قوقەنت شەھرىگە كېتىدۇ . بۇچاغدا ياقۇپ بەگ مەللە خاننىڭ ياردىمى بىلەن خوجەند ھاكىملىقىغا تەيىنلىنىدۇ . ئارىدىن خېلى ئۆتكەندىن كېين خان ھەزرەت ياقۇب بەگنى سىياسەتكە ئۇلتۇرغۇز ماقچى بولۇپ ئۇنىڭغا ئادەم ئەۋەتىدۇ . ئەمما بۇ سۈيقەستنى سېزىپ قالغان ياقۇپ بەگ . مەزكۇر ئادەملەر ئىشكتىن كىرىشى بىلەنلا ئارقا ئىشكتىن قېچىپ دەريادىن سالامەت ئۆتۈپ بۇخارا شەھرىگە بارىدۇ .

( داۋامى كېلەر ساندا ئوقۇيسىز ) .

. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .

نەشرگە تەييارلىغۇچى مەتتوختىي ھاشىم

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



## ئەخلاقسىز قانداق بولۇشى كېرەك ؟

. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .

ئەخلاق دېگەن خۇددى قوروپ قالغىلى ئارانلا قالغان
ئۇسۇملۇكلەرگە قويۇلغان سۇغا ئوخشاش كەم بولسا بو ـ
لمايدىغان بىر بوزۇق . ئەخلاق ئىنسان ئۈچۈن ئۇنت ـ
ۇلدىن ئايرىلغىلى بولمايدىغان ھەم ئىنساننى ھا ـ
يۋانلاردىن پەرىقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان بىردىن بىر پا ـ
سىل . ئىنسان گۈزەل ئەخلاقتىن ئايرىلغان ئىكەن .
ئۇ باشقا ھايۋانلاردىن قىلچە پەرىقلەنمەي قالىدۇ .
شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانلار گۈزەل ئەخلاق يەزىلەتلەر بە ـ
لەن ھەمىشە زىنەتلىنىشكە ئادەتلىنىشى كېرەك .
ئەگەر شۇنداق قىلمايدىكەن ئۇ ئۆزىنىڭ جەمئىيەتتىكى
مەدىنىيەتنى يوقىتىدۇ ۋە ـ دە ھايۋانلاردىنمۇ بەتتەر بولۇپ ك ـ
ېتىدۇ . چۈنكى ھايۋانلاردا ئەقىل بولمىغاچقا
ئۇنى ئەيىپ ئالغىلى بولمايدۇ ، ئەمما ئادەمدە ھاي ـ
ۋاندىن ئايرىدىغان ئەقىل تۇرۇپ يەنە ئۇلارنىڭ قى ـ
لىقلىرىنى قىلغاچقا شۇڭا ئۇنى ھايۋاندىن تۆۋەن
دەپ قارايمىز . شۇڭلاشقا ئاللا ـ تائالا ئىنسانلارجە ـ
مئىيەتنى تەرەققى قىلدۇرۇش ۋە ئۇنى ھەر خىل بالائى
ئاپەت ۋە رەزىل ئەخلاقلاردىن توغرا يولغا باشلاش
ۋە ئۇلارنى ھەسەتتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئەخلاققا
ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ ئۆزىنىڭ خالىغان ياخشى
خەلىقلىرىنى ئىنسانلارغا ئەلچى قىلىش ئارقىلىق
ئۇلارنى ياخشى يول ۋە گۈزەل ئەخلاقلارغا چاقىردى ۋە
ئۆزى بىلگىنىچە ئىشكۈرۈپ ھۆددىدىن چىققانلارغا
ئەقىلگە مۇۋاپىق ھەر خىل خىلغان چارىلارنى قوللىنىش
ئارقىلىق ئۇلارنى بۇزۇقچىلىقتىن توسىدۇ .

ئەخلاقنىڭ ئىسلامدىكى ئورنى :

يۇقاردىكى ئىشلارنى كۆزدە تۇتقان ئاساسدا ئىسلام
ئەخلاققا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ ئاللانىڭ بىرلىك ۋە
بارلىقىغا ئىمان كەلتۈرگەندىن كېيىنلا ئەخلاقنى
ئۆزىنىڭ پىرىنسىپلىرىنىڭ ئاساسلىق قانۇنلىرىدىن قىلغان
بوتوغورلۇق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى (
مەن سىلەرگە ياخشى ، گۈزەل ئەخلاقلارنى ئۆگۈتۈش ـ
ئۈچۈن ۋە ئۇنى تولۇقلاش ئۈچۈن ئەلچى
قىلىندىم دېگەن ) .
مانا بىز پەيغەمبىرىمىزنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ
ئەتراپقا قارايدىغان بولساق ئەخلاقسىز كىشىلەرنىڭ
ھالىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى ئېنىق بىلىپ چىقالايمىز .
بىز ياۋروپا ئەللىرىگە قارايدىغان بولساق ئۇلار ئىلىم
پەن ۋە تەرەققىيات جەھەتتە شۇنچە يۈكسەك دەرىجە ـ
دە ئىلگىرىلىگەن بولسىمۇ لېكىن ئۇلار ئىنسانىيەت ۋە
ئەخلاق تەرەپتە تېلىغا ئالغۇسىز ھالدا چىرىكلىشىپ
ئىنسانىيەتكە ۋە ئىنسانلارنىڭ نامۇسىنى كەلتۈردىغان
ئىشىغىزدا سۆزلەشكە ئادەم خىجىل بولىدىغان ھاي ـ



ۋاندىن بەتتەر ئىشلارنى قىلماقتا . ئىنسان ھەر قان ـ
چە يۈكسەك بولۇپ كۆكتە ئۇچقان بىلەن ئۇنىڭ ئەخلاقى
ياخشى بولمىسا بۇتۇن قىلغان ئىشلىرى ئۇلگە تەك بو ـ
لىدۇ .

ئەقىل پاراستى ساغلام كىشىلەر ئويدانراق نەزەر سېلىپ
باقسۇن ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىغا ئۆز ۋۇجۇدىنى
بەسىپ تۇرالمايدۇ . مەسىلەن ئۇلار ، ھۆكۈمەتلەر
نىڭ قانۇن جىقىرىپ بېرىشى ئاساسىدا بۇتۇن ناچار
ئىشلارنى قىلغانلىقى سىرتىدا ، ئەرلەر بىلەن ـ ئەر
لەر رەسمى نىكاھ بىلەن تۇي قىلىشقا رۇخسەت قىلى ـ
خان . مانا قاراپ بېقىڭلار مۇشۇمۇ ئىنسان ۋە ئى ـ
نسانىيەت بولامدۇ ؟ .
ۋە شۇنىڭدەك ئەخلاق دېگەن بىلىم بىلەن بولماستىن
ئەمەلى ھەركەت بىلەن بولىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن بىز
ئىنسانلارچە مەتبەدە نۇر غۇنلىغان بىلىملىك كىشىلەرنىڭ
ئەسكى ئىشلارنى قىلغانلىقىنى ئۇچرىتىمىز .
شۇنىڭ ئۈچۈن بىز يۇرتىمىزدا ھېچ ئەخلاق تونىماي ـ
دىغان ياۋۇز خىتايلارنىڭ زۇلمىدىن قۇتقۇزۇپ ھۆر
ۋە ساغلام ئەخلاق بىلەن ياشاپ ئىسلام پىرىنسىپلىرى
كۆرسەتكەن ياخشى ئەخلاقلارغا ئەگىشىپ ئۇنى
تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇپ توغرا يول بىلەن ئىنسانى ھا ـ
لدا ياشاپ باشقىلارغا ئۈلگە يارىتىپ خۇشال ۋە سا ـ
ئادەتتە ياشاپ كەلگۈسى ئۈچۈن ئىز قويۇپ كېتىشىمـ ـ
ىز كېرەك . ئىسلامنىڭ شانلىق داغدام يولىدىن
ھەر كىز چېكىنمەي ئۇنى ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدا
جېنىمىزنى پىدا قىلىپ قوغدىشىمىز لازىم .

. . . . . . . . . . . . . . . . . . .

يازغۇچى مۇھەممەت توختى داۋۇت .

**Müslüman Uygur gencinin annesine Osmanlıca yazdığı mektubun küpürü**



تور مەدىن خەت :

............

نور غۇلىغان ياش باتور يىگىتلىرىمىز ئەركىنلىك ۋە مۇستە – قىللىق ئۈچۈن ھەركەت قىلىپ قولىغا ئېلىنىپ زالىم خىتاي ھاكىمىيتىنىڭ تۈركىستاندىكى تۈرمىلىرىنى تۇشقۇزماقتا ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ گۈلدەك ياشلىق ھاياتىنى قوربان قىلىپ قولىدىن كېلىشىچە ھەرخىل تەدبىرلەرنى قوللۇنۇپ قىلغان ھەركەتلىرىدىن ئۇلۇغۋار غايىسى خەلقىمىزنى غەپلەت ئۇيقۇ – سىدىن ئويغۇتۇپ ئىنسانلار چە ئەركىن ھۆر ئازات ياشاش ئۈچۈن گۈزەل ۋەتىنىمىز تۈركىستاننى تاجاۋۇزچى زومىگەر خىتايلاردىن ئاجرىتىشتىن باشقا ئەمەسدۇر .

ئۇلار ھەرقانداق ھەركەت قىلسا خىتايلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىشنى ئوچۇق بىلسىمۇ قىلچە پەروا قىلماستىن پىلىمو – تەتەك ئىتتىلىپ ئۆزىدىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسىلىرىنى ئەركىنلىك ئۈچۈن قوربان قىلماقتا .

ھازىر گۈزەل ۋە تىنىمىز تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ياش ئۇسمۇر يىگىتلىرىنىڭ نۇرلۇق قەلبلىرى ھەربىر نەپەستە ئازاتلىق ۋە ئەركىنلىك دەپ سوقماقتا .

مانا تۈۋەندە ۱۸ ياشلىق بىر باتور يىگىتنىڭ تۈرمىدىن ئانىسىغا يازغان ساداقلىق خىتىنى ئوقۇپ كۆرەيلى :

(ئانا تۈرمىغا كىرگىنىمدىن بېرى بىرىنچى خېتىمنى شۇندا ئاقلا ئاخىرقى خېتىمنى يېزىۋاتىمەن ، كىشى دۇنياغا كۆز ئاچقانىدىن شىكىمى ئۇنىڭ بېشىغا ئاخىر بىركۈن ئۆلۈم بار لېكىن كىشى دۇنياغا كېلىپ ئەرزۈكدەك ئىشلارنى قىلىپ ئۆلسە ئويلاش بو – لىسمۇ ئۆزىدىن رازى بولىدۇ ، ئۇنى باققان ئاتا – ئانىسى ۋە ئەل يۇرتىمۇ ھەم رازى بولىدۇ .

ئەمما مىنى چوڭ قىلغۇچە ئەزىز مانالارغا ھاپاش قىلىپ موكچىمىدىڭ ، چېشلىرىڭ سارغايدى ، چاچلىرىڭ ئاقاردى ، مىنىڭ بەختىمنى ئويلاپ بارىۋلوقتا قارىماي ئوقۇتۇپ قاتارغا قوشتۇق بىراق ئۇمۇر سائىتى ۱۸ گە سوققان لېكىن مەن ھازىر تاراڭغۇ زىنداندا يېتىپتىمەن بورنومغا قان پۇرايدۇ ئەجەل ئۆز سايىسىنى ئۈستۈمگە چۈشۈرۈپ تۇرماقتا ئېھتىمال بۇگۈن ياكى ئەرتە كۆز يۇمارمەن ئېھتىمال ئوگۈن ئېھتىمال خېتىمنى داۋاملاشتۇرالماسمەن .

ئەمما مەن بەختسىز بولۇپ قالدىممۇ سەنچۇ ؟

بەزىلەر مېنى بەختسىز دېشەر مانا بۇ بەختىنىڭ نىمە – لىكىنى بىلمىگەنلىك . مىنىڭ قەلبىم دەرمىتتىن ، ھەس – رەتتىن ، ئادالەتسىز لىكتىن ئاغرىغانلىقتا خۇشالمەن ئە – گەر مىنىڭ قەلبىم ھېچنىمىگە ئاغرىمىغان بولۇپ قالسا بو – لىغىدىن ئارتۇق بەختسىز لىك بولامتىمو ؟

ئانا مىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىم ۋە تەربىيچىلىرىم ھەقىقى ھاياتقا كۆزۈمنى ئېچىپ ماكا دوس بىلەن دۈشمەننى تونۇتتى كىشى – لىك ھاياتىمىزنى ئۆز تەقدىرىمىزنى ئۆز قولىمىزدا تۇتۇپ كۆرۈش قىلىشنىڭ لازىملىقىنى ئۆگەتتى شۇنىڭ ئۈچۈن جىنىم

ئانا سىنى ۋە مىليونلىغان جاپاكەش خەلقىمىزنى ئا – زات قىلىش موستە بىت ھاكىمىيەت ۋە ئۇنىڭ مالايلىرىنىڭ قىلمىشلىرىدىن ياش قىلىش خەلقىنى ئويغۇتۇش يولىدا ھەركەت قىلدىم ئەپسۇسكى ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدىم بىراق موشونداق بولۇشنىمۇ بىلەتتىم .

ئانا ئىنسان دۇنياغا خورلىنىش بىلەن ئۇنسىز يورگىلى پاسكىنا چىلىقتا بولغىنۇپ قوروتتەك مەدىرلاپ كىشى نىمە دىسە خوش دەپ ئۆز ئەجرىمىزنى باشقىلارغا سە – رىپ قىلىپ بىرپارچە نان ئۈچۈن تىلمۇرۇپ ياشادۇق . ئەپسۇسكى يالماۋۇز كاپىرلار بىزلەرنىڭ بوتون بايلىق لە – رىمىزنى توشۇپ كەتتۋاتسا بىز يەنىلا ئۇلارنىڭ قاپقىغا ۋە چىشىغا قاراپ ئۇمۇر ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن كېلدىكمۇ ؟ ئۇمۇرىمىز شاقىراپ ئاققان لاي سۇدەك ئۆتۈۋېرەمدۇ ؟

ئانا سەن بەختسىزمۇ ؟ ياق سەن بەختسىز ئەمەسسەن ؟ سەن ئۆز خەلقىڭنىڭ بەختى ئۈچۈن كۆرەش سەپىدە قوربان بولغان ئوغلوڭنىڭ بەختلىك ئانىسى .

ئانا مىنىڭ قەلبىدىن نۇرغۇن ئىشلىرىم بار ئىدى ، مەن ئىشىنىمەنكى تىڭىلىك ئازاتلىق چوقوم ئۆز جامالىنى كور – سىتىدۇ . ئانا زۇلۇم ھەرگىز ئۇزاققا بارمايدۇ )

.............

ئۇمەر جان قاسىم .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



# سوئال-جاۋاب

س— هاراق ئىچىپ بولغان ئادەمنىڭ ئوقوغان نامىزى مەقبۇل بولامدۇ ؟

ج : بۇھەقىقەتەن ئەپسۇسلىنارلىق ئىش ·

ھەقىقى ناماز ، ناماز ئوقوغۇچىنى بوتون يامان ئىشلار دىن توسىدۇ · ئاللا بۇھەقتە مۇنداق دېدۇ (نامازنى تەدىل ئەركان بىلەن ئوقوغىن ، ناماز قەبىھ ئىشلاردىن وە گوناھلاردىن توسىدۇ ) ·

· سورە ئەنكەبوت 45 - ئايەت ،

شۇبھىسىزكى هاراق بولسا ئەڭ قەبىھ يامان ئىشلارنىڭ بىرىدۇر هاراقنىڭ زىيىنى ئىنسانلارغا مىڭلا بولۇپ قالماستىن بەلكى ئۇنىڭ زىيىنى ئەقىلگە ، ساغلاملىققا پول — مالغا وە گۈزەل ئەخلاققا چوڭ — زەرەرلىك تەسىرى بار · ئەگەر ئىنسان ئۆز ئىمانىنىڭ ئاجىزلىقى ئىرادىسىنىڭ بوشاڭلىقى تۈپەيلىدىن شەيتانغا ئەگىشىپ هاراق ئىچىپ سالغان بولسا ، هاراق ئىچكەندىن كېيىن ئۆزھوشىغا كېلىپ هاراقنىڭ نىجاسىتىدىن پاك بولۇپ ، پاكىزە تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇسا ، ئاللا ئۇنىڭ نامىزىنى قوبۇل قىلغۇسى · ئۇنىڭ نامىزى بۇنداق گۇناھلاردىن توسقۇسى · چۈنكى ناماز ئوقۇش ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بىرىبادەت ، هاراق ئىچىش بولسا ئىسلامدا توسۇلغان قەبىھ گۇناھ · ئۇ ياخشى ئەمەل بۇ قەبىھ ئىش · ئاللا كىشىنىڭ ياخشىلىقىدىن وە يامانلىقىدىن ئايرىم — ئايرىم ھېساب ئالىدۇ ·

ئاللا بۇھەقتە مۇنداق دەيدۇ : (كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلىدىكەن ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ · كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلىدىكەن ئۇنىڭ جازاسىنى كۆرىدۇ ·) سورە زەلزەلە 7 — 8 — ئايەت ·

هاراق ئىچىپ تۇرۇپ ناماز ئوقىدىغان كىشى بىلەن ناماز ئوقىمايدىغان لېكىن هاراق ئىچىدىغان ئادەمنىڭ قايسى ئەۋزەل دەپ سورىسىڭىز ، ئەلۋەتتە ناماز ئوقۇپ تۇرۇپ هاراق ئىچىدىغان كىشى ناماز ئوقۇماي تۇرۇپ هاراق ئىچىدىغان كىشىدىن ئەۋزەل دەپ جاۋاب بېرىمىز · چۈنكى ئۇنىڭ نامىزى شۇنداق يامان قەبىھ ئىشلاردىن كۆڭلىنىڭ بىر دەم توسقۇسى ·

س— ناماز ئوقىمايدىغان ئادەمنىڭ توتقان روزىسى مەقبۇل بولامدۇ ؟

ج — مۇسۇلمان بولغان ھەربىر كىشىنىڭ ئاللا بۇيرۇغان ئىبادەتلەرنىڭ ھەممىسىنى بىجا كەلتۈرۈش ئۇنىڭ بۇرچىدۇر ·



ناماز ئوقۇش روزا توتۇش ، زاكات بېرىش ، ھەججى يەتتە ئۇمۇرىدە بىر قېتىم ھەج قىلىش مۇسۇلمانلارنىڭ مەجبۇرىيتى · بۇلاردىن بىرەسىنى ئۆزرىسىز ھالدا تەرك ئەتكەن كىشى ئاللانىڭ شەرىئىتىدىن تاجاۋۇز قىلغان بولىدۇ · بۇھەقتە ئىسلام ئالىملىرىنىڭ كۆز قاراشلىرى بىرىسىگە ئوخشىمايدۇ · بەزى ئالىملار بۇپەرزلەردىن بىرەرنى ئۆزۈرسىز ھالدا تەرك ئەتكەن كىشى كاپىر دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ · بەزىلىرى نامازنى تەرك ئەتكەن وە زاكاتنى توسقان كىشى كاپىر دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ ·

بۇلارنىڭ دەلىلى رەسۇلۇللانىڭ ( مۇسۇلمان بىلەن كاپىرنىڭ چېگراسى ناماز ) دېگەن ھەدىسى بولسا كېرەك · نامازنى تەرك ئەتكەن كىشى كاپىر دەپ قارايدىغان ئۆلىمالار ئۇنىڭ روزىسىنىڭ قوبۇل بولۇشى ئەلۋەتتە مۇمكىن ئەمەس دەپ قارايدۇ · چۈنكى كاپىرنىڭ ئىبادىتى مەقبۇل ئەمەس ·

بەزى ئۆلىمالار بۇپەرزلەرنى قىلمىغان كىشى ئەگەر ئاللاغا بولغان ئىمانىدا راستچىل بولىدىكەن ئىشەنچىنىڭ ھېچبىر پرىنسىپىغا تانمايدىكەن ياكى شەك قىلمايدىكەن ئۇ مۇسۇلمان ھېساپلىنىدۇ · دەپ قارايدۇ · بەلكى مۇشۇ كۆز قاراش ئەڭ توغرا وە ئادىل كۆز قاراش بولۇشى مۇمكىن · بۇنىڭغا بىنائەن ئاللا بۇيرۇغان پەرزلەرنى ئۇنىڭغا ئىنكار قىلمىغان ھالدا ياكى ئۇنى مەسخىرە قىلمىغان ھالدا ئۇنى ئادا قىلالمىغان كىشى كاپىر بولۇپ كەتمەيدۇ لېكىن ئىمانى ئاجىز ئىرادىسى بوشاڭ ، پاسىق ئادەم ھېساپلىنىدۇ ، ئەگەر مۇشۇ ھالەتتە يەنى ئاللانىڭ بۇيرۇقلىرىنى بىجاكەلتۈرمەستىن داۋام قىلىۋەرسە ئۇنىڭ ئىمانىدىن ئۈمىت قالمايدۇ ، ھەرھالدا ئاللا ئۇنىڭ ياخشى ئەمەلىگە ياخشى مۇكاپات، يامان ئەمەلىگە جازا بېرىدۇ · بىرنى بىجا كەلتۈرمىگەنلىكى سەۋەپتىن بىجا كەلتۈرگەن ئەمەللىرى يوق بولۇپ كەتمەيدۇ بەلكى ئاللا قىلغان ئەمەلنىڭ مىقدارى بويىچە ساۋاپ بېرىدۇ · ئادا قىلغىنىغا ساۋاپ تەرك ئەتكىنىگە جازا بېرىدۇ ·

.............................

نەشرگە تەييارلىغۇچى ئابلە ھەت ·